تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن
دەرسلىك

# ئەدەبىيات

3-قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

3 ـ قىسىم

تۈزگۈچى: مەھمۇت نىزامى



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

تەھرىرى: ئابدۇكېرىم راخمان
مەسئۇل تەھرىر: سائادەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل ھېيتەم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جەۋلان جېلىل

# 高级中学课本

# 语　文

(第三册)

(维吾尔文)

经新疆维吾尔自治区中小学教材审定委员会审查通过

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ 7220 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

*

فورماتى: 1092×787، 1/16؛ باسما تاۋاق: 21.25
1999 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 16,640
ISBN 7 — 5370 — 3077 —4

باھاسى: 7.10 يۈەن (维课) G・1083

# 《中国创新成就博览》（人物卷）
# 《中国创新与发展论坛》（论文精选）

**马合木提.尼扎米**　教授，男，维吾尔族。出生于1938年6月，伊犁地区特克斯县人。毕业于北京师范大学。现任新疆教育学院教授，兼任中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区第八届委员会常委，新疆维吾尔自治区中小学、中师教材审查委员会委员。

**主要业绩**：长期从事教学和教材建设工作，主要研究古代文学、维吾尔古代文化和古文字史等。编写教材《中国古典文学史》、《维吾尔古典文学简史》、中师教材《文学》（第1、5册），中小学教材《汉语》、新编高中教材《文学》（第3册），编译语文、历史等20多册中小学教材。翻译和编辑《中国文学发展简史》、《文学概论》、《文学理基础》、《外国文学》、《中国现代文学》、《写作与作文评改》等高学校教材、《〈中国历史〉教师教学用书》、《中国历史》等中学教材。著作有《汉维词典》（合著），在新疆各种报刊上发表20多篇论文；代表作有《维吾尔古典文学中的道德修养问题》、《维吾尔人正式使用文字的时期与鄂尔巴勤文字》、《汉字的产生年代和汉字》、《北方草原第一座大都喀喇巴尔噶逊》等。翻译《中国经营西域史》、《吐火罗语与尼雅俗语》、《论高昌回鹘佛教》等有关历史和语言的书和论文。

（请自行填补您的其他和最新业绩、所获荣誉与曾入编过的典籍等）

通讯地址：（邮编：830043）新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市光明路8号新疆教育学院
联系电话：2830335（办）

校　对　人：　　　　　　　　　　　　校对日期：

**编者注**：1、本书座谈会暨“创新与发展论坛”拟在北京举行，届时将邀请部分入编者及论文作者出席，有意者请来函来电说明；2、您愿意将论文（发表过和即将发表的均可）入选《中国创新与发展论坛》的，请将复印件或打印稿随本稿件一并寄回，不发表论文的，就只寄回本稿件；3、请在稿件上加盖单位公章，有职称者将职称证书复印件附上，连同三张近期二寸彩色照片一并寄回。

责任编辑：李　勇　　　　　　　　联系电话：(010)62961765
通信地址：北京市海淀区万寿路邮局－46信箱　　李　勇收

尊敬的校庆办公室的同志：

您好！

在母校百年华诞来临之际，为表示对母校的一片爱心，赠送几本书和杂志。这是说不上什么礼物，只是表示自己的心情，请你们收下吧。

此致

敬礼

马合木提·尼扎米

2002.7.25

说明：

1. 两本黄皮书是我编的大学教材。
2. 粉红皮的书是我编写的高中教材《文学》第三册。
3. 两本绿皮书是我翻译和编纂的书。
4. 6本杂志，是有我论文的杂志。
5. 另一本杂志《实事求是》，介绍我生平事迹的杂志（在封二）

还有4张辞书编辑部最近寄来让我校对的材料的复印件，上有我的简单的生平事迹，看后，请你们处理掉。

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

序列号：0615/30c4-16　　　　　　　　　　　　　　责任编辑：任玲欣

国内首部全彩[illegible]家画册

# 《共和国专家成就博览》（世纪珍藏版）

## 入编初稿

**馬合木提尼扎米**　男，1938年6月生，新疆维吾尔自治区特克斯县人。新疆教育学院教授。

主要成就：编写《中国古典文学史》、《维吾尔古典文学简史》、《文学》（中师，第一、五册）、《汉语》（中小学，[illegible]10册　集体编）、《文学》（高中，第三册）等大专和中小学教材。著作和论文：《汉维词[illegible]》，合著；发表论文30多篇，有代表性的论文；《维吾尔古典文学中的道德修养问题》、《敕勒歌》、《北方草原的第一座大都喀喇[illegible]鲁逊》、《维吾尔人正式使用文字的时期与都尔巴勤文字》、《汉字的产生年代和汉字》，翻译《芦笙恋歌》、《三国演义》（部分）等电影剧本，《矿山风云》（合译）《普通劳动者》等多部（篇）中、短篇小说和《中国文学发展简史》等10余部[illegible]专教材。还翻译《中国经营西域史》、《吐火罗语与尼雅俗语》、《论高昌回鹘佛教》等有关历史和语言的书和论文。

联系电话：　　　　　　　入编专家签名：　　　　　　　年　月　日

---

编者注：1、因我们资料有限，如有纰漏，望校对补充。回函时请注明您的责任编辑：任玲欣（收）
2、请将您成果图片连同个人照片与简历一并寄回（凡图片须注上您的姓名）。
3、我社稿件由电脑数据库处理完成，若出现稿件重复纯属电脑机械性判断所致，即姓名、地址略有一点差异，视为不重复，请将多余稿件作废，谢谢！

---

830043
新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市光明路8号
（新疆教育学院）
尼扎米（收）

# كىرىش سۆز

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1999 - يىلى يېڭىدىن تۈزۈلگەن «ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مىللىي تىل - يېزىقتىكى دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى 1996 - يىلى ئېلان قىلغان «پۈتۈن كۈنلۈك ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرس پىلانى»، «پۈتۈن كۈنلۈك ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى»، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈزگەن «پۈتۈن كۈنلۈك ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش پروگراممىسى» غا ئاساسەن تۈزۈلدى.

يېڭىدىن تۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى «ئەدەبىيات» دەرسلىكى ھەربىر يىللىقتا بىر قىسىمدىن جەمئىي ئۈچ قىسىم قىلىپ تۈزۈلدى. بۇ «ئەدەبىيات» دەرسلىكىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملەر ئاساسىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىتى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا قويغان تەلەپلىرىگە ماسلىشىش نەزەردە تۇتۇلدى. ئەدەبىيات ئاساس بىلىملىرى ۋە ئاساس ئىقتىدار مەشقى مەزمۇنلىرىنى ئىنچىكىلەپ تاللاشقا ۋە ئەدەبىيات پېنىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاقىلىشىش قابىلىيىتى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قابىلىيىتى، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈستىدە زۆرۈر ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلدى. تېكىستلەر ئوقۇتۇش ۋە ماس مەشىق، كۆنۈكمىلەر ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتى، تىل - يېزىقى، نادىر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى سۆيۈشكە، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلىتىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى.

قولىڭىزدىكى بۇ «ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ نەشر قىلىندى. يولداشلارنىڭ دەرسلىكنى قوللىنىش جەريانىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشىنى، كېيىنكى نەشرىدە تۈزىتىشكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

1999 - يىل ئىيۇن

# مۇندەرىجە


1 - باسقۇچ

**جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ...... 1**

باسقۇچ كۆرسەتمىسى ...... 1

ئاساس بىلىم ...... 2

1. جۇدالىق زارى (داستاندىن پارچە) ...... چۇ يۈەن 23
2. چۇشۇمدە تيەنمۇ تېغىنى سەيلە قىلىش قوشىقى ...... لى بەي 31
3. كۆز شاملىدا چۇۋۇلغان كەپەم ناخشىسى ...... دۇ فۇ 36

4*. مۇلەن ھەققىدە باللادا ...... 40

باسقۇچ كۆنۈكمىسى ...... 45

يېزىقچىلىق مەشىقى ...... 47

2 - باسقۇچ

**جۇڭگو قەدىمكى زامان ئېپىك ئەسەرلىرى ...... 50**

باسقۇچ كۆرسەتمىسى ...... 50

ئاساس بىلىم ...... 51

5. ليەن پو، لىن شياڭرۇ تەزكىرىلىرى (پارچە) ...... سىما چيەن 56
6. لىن مەشقاۋۇلىنىڭ قارلىق كېچىدە بۇتخانىغا كىرگەنلىكى (روماندىن پارچە) ...... شى نەيئەن 65
7. قارا چېكەتكە ...... پۇ سۇڭلىڭ 79

8*. لىن دەييۇنىڭ جيا قەسرىگە كىرىشى (روماندىن پارچە) ...... ساۋ شۆچىن 86

باسقۇچ كۆنۈكمىسى ...... 102

يېزىقچىلىق مەشىقى ...... 102

3 - باسقۇچ

**جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ...... 106**

باسقۇچ كۆرسەتمىسى ...... 106

ئاساس بىلىم ...... 108

9. ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى (پارچە) ...... لۇ شۈن 116
10. سۇمۇرغلارنىڭ پاراغىتى ...... گو مورو 127
11. گۈلدۈرماما (درامىدىن پارچە) ...... ساۋ يۈ 134

12*. دايەنخې — مېنىڭ ئانام ...... ئەيچىڭ 148

باسقۇچ كۆنۈكمىسى ...... 156

يېزىقچىلىق مەشقى ........................ 157

**4 - باسقۇچ**

**ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى** ........................ 158
باسقۇچ كۆرسەتمىسى ........................ 158
ئاساس بىلىم ........................ 159
13. يىللارغا جاۋاب ........................ ل. مۇتەللىپ 171
14. چېنىقىش ........................ ز. قادىرى 176
15. ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ........................ ت. ئېلىيوف 199
16. ئىزدىنىش (رومانىدىن پارچە) ........................ ز. سابىر 203
*17. قۇمۇل توغرىسىدا ئىككى غەزەل ........................ ئا. خوجا 210
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ........................ 214
يېزىقچىلىق مەشقى ........................ 214

**5 - باسقۇچ**

**چەت ئەل ئەدەبىياتى** ........................ 217
باسقۇچ كۆرسەتمىسى ........................ 217
ئاساس بىلىم ........................ 218
18. دونكىخوت ........................ م. سېرۋانتېس 233
19. مەدھىيە ........................ گ. گېينې 239
20. ۋېنېتسىيە سودىگىرى (درامىدىن پارچە) ........................ ۋ. شېكسپېر 242
21. چائادايېفقا ........................ ئا. س. پۇشكىن 255
*22. كونا زامان پومېشچىكلىرى ........................ ن. ۋ. گوگول 258
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ........................ 279
يېزىقچىلىق مەشقى ........................ 282

**6 - باسقۇچ**

**قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى** ........................ 284
باسقۇچ كۆرسەتمىسى ........................ 284
ئاساس بىلىم ........................ 285
23. غەزەل ........................ ب. ئەزىزى 295
24. تۇرمە ناخشىسى (داستاندىن پارچە) ........................ ت. جولدىباي 297
25. ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى (ئېپوستىن پارچە) ........................ 307
*26. ژورژ ........................ ئا. زەمىرى 321
باسقۇچ كۆنۈكمىسى ........................ 328
يېزىقچىلىق مەشقى ........................ 329

* بەلگىسى قويۇلغانلار ئوقۇش تېكستلىرى

# 1 ـ باسقۇچ

# جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى

## باسقۇچ كۆرسەتمىسى

جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى بۇ قىسقىچە چۈشەنچىدە جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىخچام بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن، ھەربىر دەۋرنىڭ (بۇ بەزىدە بىر سۇلالىنى، بەزىدە ئىككى ياكى بىرنەچچە سۇلالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋاقىت چەكلىمىسى، يەنى باشلانغان ۋە ئاياغلاشقان ۋاقتى كۆرسىتىلگەن. ئاندىن ھەربىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇ دەۋردىكى ئاساسلىق ئەدەبىي ژانىرلار، شۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان داڭلىق ئەدىبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئاشۇ دەۋرگە تەئەللۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرى تونۇشتۇرۇلغان. يەنە قايسى دەۋردە قانداق يېڭى ئەدەبىي ژانىرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن.

بۇ باسقۇچتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ھەربىر دەۋر ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئۇتۇقلىرىدىن دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ، جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەرنى ئۆگىنىشتە ئاساس بولىدۇ.

بۇ باسقۇچتا جۇڭگو قەدىمكى زامان شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇلار جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆتكەن ئۈچ ئۇلۇغ شائىرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك نادىر ئەسەرلىرى ۋە بىر پارچە مۇنەۋۋەر خەلق داستانىدىن ئىبارەت.

تاللانغان بۇ ئەسەرلەرنى ئۆگەنگەندە، جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، يېزىقچىلىققا دائىر ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## ئاساس بىلىم

جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي دۆلەت بولۇپ، دۇنيا مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان جۇڭگو ئەدەبىياتىمۇ يىراق قەدىمكى زاماندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئالاھەزەل ئۈچ مىڭ يىللىق شانلىق تارىخقا ئىگە.

ئادەتتە «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن ئىلگىرىكى جۇڭگو ئەدەبىياتى جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ياكى جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1. چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر ئەدەبىياتى

چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋر دېگەندە، يىراق قەدىمكى زاماندىن چىن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق مەزگىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ رىۋايەت دەۋرى، شيا سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بورۇنقى XXI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVIئەسىرگىچە)، شاڭ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلىغىچە)، جۇ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلغىچە) دەۋرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىرىنچى باسقۇچ، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدە كىشىلەر ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەن تەبىئىي ھادىسىلەرنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان، لېكىن بۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار تەبىئەتتىن ھالقىغان قانداقتۇر بىر كۈچ بار دەپ قارىدى ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۇلار تەسەۋۋۇرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر خىل سىرلىق ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئۆزلىرىچە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، قەدىمكى ئەپسانىلەر بارلىققا كەلدى. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ ئەڭ داڭلىقلىرىدىن «ئىلاھە نۈۋانىڭ ئاسماننى يامىشى»، «گۇن بىلەن يۈنىڭ تاشقىن سۈنى تىزگىنلىشى»، «خۇيىنىڭ قۇياشنى ئېتىشى»، «جىڭۋېينىڭ دېڭىزنى تىندۇرۇشى»، «كۇافۇنىڭ قۇياشنى كەينىدىن قوغلىشى»، «خۇاڭدىنىڭ چى يۇنى ئۆلتۈرۈشى»، «گۇڭگۇڭنىڭ غەزەپ بىلەن بۇجۇشەن تېغىغا ئۇسۇشى» قاتارلىقلار بار.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يەنە قوشاقلارمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇ قوشاقلاردىن ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن «كامالەك قوشىقى»، «يىجى ئۇرۇقىنىڭ نەزىر - چىراغ قوشىقى» قاتارلىقلار بار.

جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، شېئىر جەھەتتە، «شېئىرنامە» ناملىق توپلام مەيدانغا



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

كەلدى. بۇ، جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپتە مەيدانغا كەلگەن شېئىر ـ قوشاقلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 305 پارچە شېئىر ـ قوشاق بار. بۇلار تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلق قوشاقلىرى، مۇراسىملاردا ئوقۇلىدىغان نەزىر ـ چىراغ قەسىدىلىرى، مەرسىيىلەر ۋە مۇزىكىلىق ناخشىلار، داستان ـ باللادىلار، لىرىك شېئىرلار، ھەجۋىي شېئىرلار بار. بۇ شېئىر ـ قوشاقلار ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرقايسى تەبىقىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بولۇپمۇ «شېئىرنامە» دىكى مول مەزمۇنلۇق ۋە رەڭدار خەلق قوشاقلىرى كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

نەسر جەھەتتە، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «قەدىمنامە» ناملىق قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلەر توپلىمى مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ھۆججەت خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ھەقىقىي مەنىدىكى نەسرنىڭ باشلىنىشى ۋە دەسلەپكى بايان ماقالىلىرى ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۇنچيۇ (ئەمىنىيە) دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا بولسا، «يىلنامە» («ۋەقەنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق كىتاب مەيدانغا كەلدى. بۇ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان تۇنجى يىلنامە خاراكتېرلىك تارىخ كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن جەنگو (يېغىلىق) دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 300 يىلغا يېقىن تارىخىي مەزگىلدە نەسر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن نەسرلەر تارىخىي نەسرلەر ۋە ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ نەسرلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تارىخىي نەسرلەرگە «زوچيۇمىڭ يىلنامىسى»، «بەگلىكلەر خاتىرىلىرى»، «جەنگو تەدبىرلىرى» ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ نەسرلىرىگە كۇڭزىنىڭ «بايان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرى، مېڭزىنىڭ «مېڭزى» ناملىق ئەسىرى، جۇاڭزىنىڭ «جۇاڭزى» ناملىق ئەسىرى، شۈنزىنىڭ «شۈنزى» ناملىق ئەسىرى، خەن فېينىڭ «خەن فېيزى» ناملىق ئەسىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن پارچە ـ بۆلەكلەر گەپ ـ سۆزنى، سۆھبەتلەرنى، ئىش ـ ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش، پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش، مۇنازىرە ـ قائىدە سۆزلەش ھەمدە قۇرۇلمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى نەسرنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، يەنى جەنگو دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە جەنۇبتىكى چۇ بەگلىكىدە بىر خىل يېڭى شەكىلدىكى شېئىر — «چۇ نەزملىرى» بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى ئۇلۇغ رومانتىزمچى شائىر چۈيۈەن مەيدانغا چىقتى. ئۇ بۇ خىل يېڭى شەكىلنى قوللىنىپ، چوڭ ھەجىملىك سىياسىي لىرىكا (لىرىك داستان) «جۇدالىق زارى» نى ھەمدە «توققۇز ناخشا»، «توققۇز نەزم» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازدى. شائىر بۇ ئەسەرلىرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ گاللۇاڭ بېگى ۋە خوشامەتچى ئەمەلدارلىرىغا قارشى قەتئىيلىك بىلەن كۈرەش قىلىشتەك روھى ۋە ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشتەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى. چۈيۈەن ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ساقلىنىپ قالدى. چۈيۈەن ئەسەرلىرى تەسەۋۋۇرغا باي، ئۇلاردا كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. چۈيۈەن

ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە يۇكسەك بەدىئىيلىكى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى.

## 2. خەن سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلى چىن شىخۇاڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چىن سۇلالىسىنى قۇردى. چىن سۇلالىسى 15 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى زاۋال تاپتى. بۇ دەۋردە ۋەزىر لى سىنىڭ بەزى مەدھىيە خاراكتېرلىك نەسرلىرى بىلەن «مېھمانلارنى قوغلاش بۇيرۇقى توغرىسىدا تەكلىپنامە» ناملىق ئەسىرىدىن باشقا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلمىدى.

چىن سۇلالىسى چېن شېڭ، ۋۇگۇاڭلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى ۋە كېيىنكى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن زاۋال تاپتى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ليۇباڭ يىغىشتۇرۇپ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى خەن سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ، تارىختا غەربىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 23 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى لۈلىنلىقلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىدە زاۋال تاپتى. مىلادىيە 25 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى خان جەمەتلىرىدىن ليۇشيۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، خەن سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ سۇلالە تارىختا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى مىلادىيە 220 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى. شۇنداق قىلىپ ئىككى خەن سۇلالىسى جەمئىي 426 يىل ھۆكۈم سۈردى. دېمەك، خەن سۇلالىسى ئەدەبىياتى مۇشۇ 426 يىل جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەن سۇلالىسى ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتتە «يۆفۇ قوشاقلىرى» دەپ ئاتالغان مۇزىكا مەھكىمىسى خەلق قوشاقلىرى، ئەدىبلەرنىڭ بەشلىك (ھەر مىسراسى بەش خەتلىك) شېئىرلىرى، نەسر جەھەتتە سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلەر ۋە بۇ دەۋردە مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلغان تەسۋىرىي نەسرىي نەزمىلەر بىلەن تارىخىي تەزكىرە - تەرجىمىھال ئەدەبىياتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن خەن ۋۇدى دەۋرىدە مۇزىكىنى باشقۇرىدىغان ئورگان «مۇزىكا مەھكىمىسى» قۇرۇلۇپ، خەلق ئىچىدىن خەلق قوشاقلىرىنى يىغىپ، تاللاپ ئاھاڭغا سېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تۈپەيلىدىن نۇرغۇن خەلق ناخشا - قوشاقلىرى ساقلىنىپ قالدى. بۇ قوشاقلار «مۇزىكا مەھكىمىسى قوشاقلىرى» دەپ ئاتالدى. بۇ قوشاقلارنىڭ كۆپچىلىكى بەشلىك شەكلىدە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم قوشاقلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «شەرقىي قوۋۇق قوشىقى» ، «كېسەل ئايال قوشىقى» ، «يېتىم قوشىقى» ، «ئون بەش ياشتا ئەسكەرلىككە باردىم» قاتارلىق داڭلىق قوشاقلار ، «ئېتىز قىرىدىكى ئۈجمە دەرىخى» ( «لوفۇ قوشىقى» ) ناملىق چاققان ھەجىملىك خەلق داستانى، «تاۋۇسلار ئۇچىدۇ شەرقىي جەنۇبقا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك مەشھۇر خەلق داستانى بار.

مۇزىكا مەھكىمىسى خەلق قوشاقلىرى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئەدىبلەر بۇ خىل شەكىلنى قوبۇل قىلىپ، بۇ خىل ئۇسلۇبتا شېئىرلارنى يازدى، بۇ شېئىرلار ئەدىبلەرنىڭ

بەشلىك شېئىرلىرى دەپ ئاتالدى. بۇنىڭغا ئەدىب شىن يەنىيەننىڭ «يولىنلاڭ. مەيپۇرۇش غۇز قىزى» دېگەن ئەسىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى نۇرغۇنلىغان نامسىز زاتلارنىڭ شېئىرلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭغا «ئون توققۇز پارچە قەدىمكى شېئىر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى شېئىرلار ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نەسر جەھەتتە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلەر، قائىدە سۆزلىنىدىغان لىرىك نەسرلەر ۋە خاتىرە خاراكتېرلىك نەسرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلەر بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەدىبلەر جيا يى، چاۋ تىسو، خۇەن كۇەن، ۋاڭ چۇڭ ھېسابلىنىدۇ. جيا يىنىڭ «يېڭى كىتاب» ناملىق نەسرلەر توپلىمى بار. ئۇنىڭدا «چىن سۇلالىسىنىڭ سەۋەنلىكلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق داڭلىق سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرى بار. چاۋ تىسونىڭ «ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا تەكلىپنامە» قاتارلىق ئەسىرى، خۇەن كۇەننىڭ «تۇز ـ تۆمۈر ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى، ۋاڭ چۇڭنىڭ «مىزان توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى بار.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسۋىرىي نەسرىي نەزم دەپ ئاتىلىدىغان نەسرنىڭ يېڭى بىرخىل شەكلى مەيدانغا كەلدى. تەسۋىرىي نەسرىي نەزم — تەسۋىرىي ئۇسۇلدا يېزىلغان ھەم نەسرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە، ھەم شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ. جيا يى، مېي چېڭ، سىما شياڭرۇ، بەن جاۋ، جاڭ خېڭ، سەي يۇڭ، جاۋ يى قاتارلىقلار ئاساسلىق تەسۋىرىي نەسرىي نەزمچىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا جيا يىنىڭ «چۇي يۈەنگە تەزىيە»، «بايقۇش ھەققىدە نەزم» ناملىق ئەسەرلىرى، مېي چېڭنىڭ «يەتتە ئىش ئارقىلىق روھلاندۇرۇش» ناملىق ئەسىرى، سىما شياڭرۇنىڭ «زىشۇ ئەپەندى ھەققىدە تەسۋىرىي نەسرىي نەزم»، «شاڭلىن چاھار بېغى ھەققىدە تەسۋىرىي نەسرىي نەزم» قاتارلىق ئەسەرلىرى، بەن جاۋنىڭ «شايى يۇيۇش ھەققىدە تەسۋىرىي نەسرىي نەزم» ناملىق ئەسىرى، جاڭ خېڭنىڭ «غەربىي پايتەخت نەزمى»، «شەرقىي پايتەخت نەزمى» دېگەن ئەسەرلىرى، سەي يۇڭنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرى، جاۋ يىنىڭ «زامان ۋە ئۇنىڭ ئىللەتلىرى توغرىسىدا ئەيىبنامە» ناملىق ئەسىرى مىسال بولالايدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە تارىخىي تەزكىرە ـ تەرجىمىھال ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېڭى ئەدەبىي شەكىل مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ۋەكىلى سىما چيەن، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشتۇرغۇچى بەن گۇ ھېسابلىنىدۇ. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تارىخشۇناس ۋە ئەدىب سىما چيەن كېيىنكى تارىخ ئىلمى ۋە ئەدەبىياتقا زور تەسىر كۆرسەتكەن «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەرنى يازدى. سىما چيەن «تارىخىي خاتىرىلەر»دە ھەرقايسى تەبىقىلەر، تۈرلۈك تىپتىكى نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرگە تەزكىرە ـ تەرجىمىھال تۈرغۇزۇپ، جۇڭگو تەزكىرە ـ تەرجىمىھال ئەدەبىياتىغا يول ئېچىپ بەردى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەن گۇ «خەننامە» ناملىق ئەسەرنى يازدى.

## 3. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ئەدەبىياتى

خەن سۇلالىسى سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى تۈپەيلىدىن زاۋال تاپقاندىن كېيىن، جۇڭگو جەمئىيىتى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر

دەۋرىگە كىردى. 369 يىلى ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دەۋر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى بىلەن ئۆتتى، جەمئىيەت تۇراقسىز ھالەتتە بولدى. بۇ ئەھۋال مىلادىيە 581 - يىلى سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغىچە داۋام قىلدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەمەلىيەتتە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى خەن شيەندىنىڭ جيەنئەن يىللىرىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 196 - يىلى) دىن سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغىچە (مىلادىيە 581 - يىلىغىچە) بولغان 385 يىل جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تۈرى شېئىر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، نەسر، تەسۋىرىي نەسرىي نەزم بولدى، يەنە ھېكايە ژانىرى بارلىققا كېلىپ، چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مەيدانغا كېلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

شېئىرىيەت جەھەتتە، بۇ دەۋردە بەشلىك شېئىرلار ئاساسىي شەكىل بولۇپ قالدى، شۇنداقلا يەتتىلىك (ھەر مىسراسى يەتتە خەتلىك) شېئىرلارمۇ مەيدانغا كەلدى. جيەنئەن دەۋرىدە ساۋ فامىلىلىك ئۈچ ئاتا - بالا (ساۋ ساۋ، ساۋ پېي، ساۋ جى)، «جيەنئەن دەۋرىنىڭ يەتتە ئوغلانى» دەپ ئاتالغان ۋاڭ سەن، كۇڭ رۇڭ، ليۇ جېن، چېن لىن، شۇ گەن، رۇەن يۇ، يىڭ چاڭ ۋە سەي يەن (سەي ۋېنجى) قاتارلىق مۇھىم شائىرلار مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى داڭلىقلىرىدىن ساۋ ساۋنىڭ «خاۋلى قوشىقى»، «شيامېن قوۋۇقىدىن چىقىش قوشىقى»، ساۋ پېينىڭ «دوەنگې قوشىقى»، ساۋ جىنىڭ «ئاق بوز ئات ھەققىدە شېئىر»، «دالىدىكى سېرىق قۇشقاچ قوشىقى»، ۋاڭ سەننىڭ «يەتتە قايغۇ شېئىرى»، سەي يەن (سەي ۋېنجى) نىڭ بەشلىك بويىچە يېزىلغان «ھەسرەتنامە»، چۇ نەزملىرى شەكلىدە يېزىلغان «ئون سەككىز بابلىق چۆرى غەزەللىرى» قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرلىرى بار.

ۋېي سۇلالىسى بىلەن جىن سۇلالىسى ئارىلىقىدىكى جېڭشى دەۋرىدە رۇەن جى بىلەن جى كاڭ ۋەكىللىك قىلغان «بامبۇكزارلىقتىكى يەتتە دانىش» دەپ ئاتالغان شائىرلار مەيدانغا كەلدى. رۇەن جىنىڭ «تەسىراتنامە» ماۋزۇسى ئاستىدا يېزىلغان 82 پارچە شېئىرى، جى كاڭنىڭ «غەزەپلىرىم» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرى بار. غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەيكاڭ يىللىرىدا زو سى، لۇ جى قاتارلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك شائىرلار مەيدانغا كەلدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە داڭلىق شائىر تاۋ يۈەنمىڭ مەيدانغا كەلدى. تاۋ يۈەنمىڭ ئاممىباب، تەبىئىي تىل بىلەن بەشلىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئەمگەك تۇرمۇشىنى كۈيلىدى، يېزا مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە يېڭىچە ۋە تەبىئىي بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. تاۋ يۈەنمىڭنىڭ 120 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «يېزىغا قايتىپ ماكان تۇتقاندا»، «شاراب ئىچكەندە» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شيې لىڭيۈەن ۋە شيې تياۋ ۋەكىللىكىدىكى مەنزىرە شېئىرلىرى شائىرلىرى مەيدانغا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئېسىل مەنزىرە شېئىرلىرىنى يازدى. شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە شېئىرىيەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە بولمىدى. پەقەت يۈشىن ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان شېئىرلارنى يېزىپ،

شىمالىي سۇلالىلەر شېئىرىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى «يېڭى مۇزىكا مەھكىمىسى خەلق قوشاقلىرى» خەلق تۇرمۇشى ۋە خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. جەنۇبىي سۇلالىلەردە «زىيې قوشىقى»، «شىجۇ قوشىقى» ناملىق داڭلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەر، شىمالىي سۇلالىلەردە «تېلېلار قوشىقى»، «مۇلەن ھەققىدە باللادا»، «لۇڭتۇ ناخشىسى» قاتارلىق داڭلىق ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى جۇڭگو قەدىمكى زامان نەسرلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم باسقۇچ بولدى. بۇ دەۋردىكى نەسرلەرنى تارىخىي نەسرلەر، مۇھاكىمىلىك نەسرلەر، مەكتۇپ شەكلىدىكى نەسرلەر، مەنزىرە ۋە تاغ ـ دەريالار ھەققىدىكى جۇغراپىيىلىك نەسرلەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. چېن شۇنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرى، فەن يېنىڭ «كېيىنكى خەننامە» ناملىق ئەسىرى، جى كاڭنىڭ «شەن جۈيۈەن (شەن تاۋ) بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش مەكتۇپى» ناملىق ئەسىرى، تاۋ يۈەنمىڭنىڭ «شاپتۇلزارلىق قىسسىسى» ناملىق ئەسىرى، لى داۋيۈەننىڭ «ئىزاھلىق سۇ ئېقىنلىرى تەزكىرىلىرى» ناملىق ئەسىرى، ياڭ شيەنجىننىڭ «لوياڭ ساڭرامىلىرى تەزكىرىلىرى» ① ناملىق ئەسىرى بۇ دەۋر نەسرلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ دەۋردە يەنە تەسۋىرىي نەسرىي نەزمىلەرمۇ تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭدىن ئاشقىرى جۈپلۈك نەسر دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېڭى نەسر شەكلى مەيدانغا كېلىپ، بارغانچە تەرەققىي قىلدى. باۋ جاۋنىڭ «دالېي قىرغىقىغا چىقىپ، سىڭلىمغا يېزىلغان مەكتۇپ» ناملىق ئەسىرى، چيۇ چىنىڭ «چېن بەيجىغا يېزىلغان مەكتۇپ» ناملىق ئەسىرى، كۇڭ جىگۈينىڭ «شىمالىي تاغ (جۇڭشەن تېغى) دىكى دەرۋىش توغرىسىدا ئېيىبنامە» ناملىق ئەسىرى، يۈ شىننىڭ «‹جياڭنەنگە ئېچىنىش نەزمى›، نىڭ كىرىشمىسى» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار بۇ دەۋردىكى جۈپلۈك نەسر ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەربىلەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يېڭى بىر ئەدەبىي ژانىر مەيدانغا كەلدى. ئۇ بولسىمۇ ھېكايە ژانىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە خېلى نورغۇن ئەدىبلەر ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلدى. ھېكايە ژانىرى بارغانچە تەرەققىي قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ دەۋر ھېكايىلىرى غارايىباتلار ھېكايىلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلەر ھېكايىلىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسىغا گەن باۋنىڭ «ئەۋلىيا ئىزدەش قىسسىلىرى» ناملىق توپلىمىدىكى ھېكايىلەر، كېيىنكىسىگە ليۇ يىچىڭنىڭ «زامانىمىزنىڭ يېڭى ھېكايەتلىرى» ناملىق توپلىمىدىكى ھېكايىلەر ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بارلىققا كېلىپ، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەر

① ساڭرام — بۇددا ئىبادەتخانىسى.

ساۋ پېيىنىڭ «نومۇدە.①» ئەدەبىي ئەسەرلەر توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى، لۇ جىنىڭ «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرى، لىۇ شيېنىڭ «ۋېنشىن دياۋلۇڭ» («ئەدەبىي ماھارەت ئۆرنەكلىرى») ناملىق ئەسىرى، جۇڭ رۇڭنىڭ «شېئىرلارنى باھالاش» ناملىق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 4. سۇي ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتى

پادىشاھ سۇي ياڭدى (ياڭ جيەن) مىلادىيە 581 - يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن بۇيانقى پارچىلىنىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ سۇي سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ سۇلالە ھۆكۈمرانلىرى ئۆزۈن ئۆتمەي چىرىكلىشىپ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى ۋە خەلق ئۈستىدىن زوراۋانلىق سىياسىتى يۈرگۈزدى. شۇڭا بۇ سۇلالە مىلادىيە 618 - يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسىدە زاۋال تاپتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ سۇلالە پەقەت 38 يىل ھۆكۈم سۈردى.

سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىرىيەت ساھەسىدە بەزى يېڭىلىقلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. باشقا ساھەلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن شائىرلاردىن بىرقەدەر داڭلىقلىرى شۆ داۋخېڭ بىلەن لۇ سىداۋ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ يازغان شېئىرلىرىمۇ سان جەھەتتىن كۆپ ئەمەس. شۆ داۋخېڭنىڭ «يۇجاڭ قۇشىقى» ناملىق داستانى ۋە «تۈن - كېچىلەر قوشىقى» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرى، لۇ سىداۋنىڭ «ئەسكەرلىككە بېرىش قوشىقى» ناملىق ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرى بار.

مىلادىيە 618 - يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى سۇي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يىمىرىپ تاشلىدى. بۇ چاغدا لى يۈەن بىلەن لى شىمىندىن ئىبارەت ئاتا - بالا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك سۇلالە — تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى. تاڭ سۇلالىسى مىلادىيە 907 - يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىقىنى داۋام قىلىپ، جەمئىي 289 يىل ھۆكۈم سۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بەش سۇلالە دەۋرى باشلاندى. بۇ مىلتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلغان، سۇلالىلەر ئالمىشىپ تۇرغان پاراكەندىچىلىك دەۋر بولدى. 50 يىل داۋام قىلغان بۇ دەۋردە بىرقانچە كىچىك سۇلالىلەر ھۆكۈم سۈردى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئىنتايىن پارلاق ۋە غايەت زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىر، نەزم، نەسر، ھېكايە ژانىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى ۋە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يېڭىلىقلار يارىتىلدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىرىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شېئىرلار شەكىل جەھەتتە مۇكەممەللەشتى، ژانىر جەھەتتە بېيىدى. بۇ دەۋردىكى شېئىرلار ژانىر جەھەتتىن ئالغاندا، قەدىمكى شەكىلدىكى شېئىرلار، يېقىنقى

① نومۇدە — ئۈلگە، ئۆرنەك دېگەن مەنىدە.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com